# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报  شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
14
دۈشەنبە
维吾尔文 10 月14日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24848 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


ھىندىستان زۇڭلىسى بىلەن 2 ـ قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىش ۋە نېپالدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ

## شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن 2 ـ قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىش ۋە نېپالدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملارمۇ شۇ ئايروپىلاندا قايتىپ كەلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ نېپال زۇڭلىسى ئولى بىلەن سۆھبەتلەشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كاتماندۇ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار چاڭ ئەيلىڭ، چېن جى، مېڭ نا)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كاتماندۇدا نېپال زۇڭلىسى ئولى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن نېپال ئەزەلدىن ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھ. ھازىر، جۇڭگو بىلەن نېپال ئوخشاشلا دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىردى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلدى. ئۈنۈگۈن، زۇڭتۇڭ باندارى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ نېپال تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى جاكارلىدۇق، بۇنىڭ پىرىنسىپى باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئىناق ئۆتۈش، ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش، ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىش. جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ نېپال دوستانە ھەمكارلىقىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئېچىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپنىڭ قەتئىي تۈردە بىر جۇڭگو سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللىغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. ھەرقانداق ئادەم جۇڭگونىڭ ھەرقانداق رايونىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، نەتىجىدە كۇكۇم ـ تالقان بولىدۇ؛ جۇڭگونى پارچىلاشنى قوللايدىغان ھەرقانداق تاشقى كۈچنى جۇڭگو خەلقى ئەخمىقانە خام خىيال قىلغانلىق دەپ قارايدۇ!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن نېپال تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى پىلانلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇش كېرەك، جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، «گۈللەنگەن نېپال، بەختلىك نېپالىقلار»دىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ باندارى ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كاتماندۇ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار نەن چېن، خۇاڭيىن جيازى)** شۇ يەر ۋاقتى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ كاتماندۇدا نېپال زۇڭتۇڭى باندارى ئۆتكۈزگەن تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى. نېپالنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى پان، زۇڭلىسى ئولى، باش سودىيە لانا، فېدېراتسىيە پارلامېنتى فېدېراتسىيە پالاتاسىنىڭ رەئىسى تىمىرسىنا، بارلىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى، ئاساسلىق پارتىيەلەرنىڭ داھىيلىرى، كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزاسى، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، سابىق سىياسىي ئەربابلار ھەمدە ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشتى.

باندارى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلىپ، نېپال ھۆكۈمىتى ۋە نېپال خەلقىگە ۋاكالىتەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. باندارى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى دەل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا توغرا كەلدى، نېپال خەلقى جۇڭگو خەلقىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە ئەڭ سەمىمىي تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ جەزمەن داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەپ مۇنداق تەكىتلىدى

## كىچىكىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلاردىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۈز مىليونلىغان پىيونېر، پارتىيەنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان كەڭ پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### تەبرىك خەت

جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى يۈز مىليونلىغان پىيونېر، پارتىيەنىڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقان كەڭ پىيونېرلار ئەترىتى يېتەكچىلىرى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى خىزمەتچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن!

70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىللىك تەربىيەلەش، ئۆز ئالدىغا تەربىيەلەش، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەربىيەلەشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

پىيونېرلار ئەترىتى ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ بولۇشى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى قۇرۇشتىكى زاپاس ئەترەت بولۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ نېپال كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پراچاندا بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كاتماندۇ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار سۈن يى، جياڭ گوپېڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كاتماندۇدىكى ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىدا نېپال كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پراچاندا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس پراچاندا نېپالنىڭ نوپۇزلۇق سىياسىيونى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياخشى دوستى، قەدىناس دوستى، جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇلتۇر، سىز زۇڭلى ئولى بىلەن سىياسىي ھۆكۈم چىقىرىپ، نېپال كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى بىرلىشىپ تەشكىللەپ قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى باشلىدىڭىز. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن. جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۇزاقتىن بۇيان قەتئىي قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، نېپال بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نېپالنىڭ تەرەققىياتىنى مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

## «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى  شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## دىققەت مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، كەسىپ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى

— ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ئاساسىدا، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسىپ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت كەسپىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



مول ھوسۇلدىن قىيىق توشتى بېلىققا

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بېلىقچىلارنىڭ باغراش كۆلىدە سازلىق گۇڭگيۇ بېلىقىنى تۇتۇشى نۇرغۇن قۇشلارنى كېلىپ ئوزۇقلۇق تالىشىشقا جەلپ قىلدى. بۇ يىل، باغراش كۆلىدە سازلىق گۇڭگيۇ بېلىقىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. ھازىرغىچە، تۇتۇش مىقدارى 1100 توننىدىن ئاشتى، پۈتۈن يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 1400 تونناغا يېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

□ نيەن لېي فوتوسى

شىنجاڭ ياخشى جاي

## ئاپتونوم رايون شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) سۆھبەتلىك خىزمەت يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون شىمالىي شىنجاڭ(شەرقىي شىنجاڭ) سۆھبەتلىك خىزمەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى پېڭشىن يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۈنئىي تىزگىنلەش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆日报网  天山网 APP
新疆头条 APP  微信公众号